# خاتىرجەم ياشايدىغان يېڭى تۇرمۇشقا ئاتلىنىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھالبۇكى، مۇھىت، بايلىق، رايون ئورنى قاتارلىق چەكلىمىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، مەكىت ناھىيەسىنىڭ باغ ـ ئورمانچىلىق كەسپى ئۇزاقتىن بۇيان كەسىپ زەنجىرى قىسقا بولۇش، تۈرتكە بولۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولماسلىق قاتارلىق بوغما ھالەت چەكلىمىسىگە دۇچ كەلدى.

بۇنى كۆزدە تۇتۇپ، مەكىت ناھىيەسى باغ ـ ئورمانچىلىق كەسپىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر يولغا قويۇشنى كەسىپلەر ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى مۇھىم تەدبىر سۈپىتىدە تۇتۇپ، خەلقنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئاساس سالدى.

10 ـ ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، مەكىت ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى سانائەت باغچە رايونىغا جايلاشقان شىنجاڭ زاۋۇدۇ زامانىۋى يېزا ئىگىلىك پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ زاۋۇت رايونى پەۋقۇلئاددە ئالدىراش بولۇپ كەتتى، كارخانا پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغان چىلان سېتىۋېلىشنىڭ ئاۋات پەسلىگە تەييارلىق قىلىۋاتاتتى.

«بۇ يىل كارخانىنىڭ سېتىۋېلىش مىقدارى 40 مىڭ توننا كۆلەمگە يېتىدۇ، بىز يېڭى تاللاش ـ تازىلاش ئۈسكۈنىسى كىرگۈزدۇق، زاكاز مال تاپشۇرۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ.» بۇ شىركەتنىڭ مەسئۇلى فۇ خېلياڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ يىل كارخانا يىغىمدىن 20 مىڭ توننىلىق زاكاز مال تاپشۇرۇش ئامبىرى قۇردى، چىلان سېتىۋېلىش مىقدارى بۇلتۇرقىنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ.

بۇ يىل 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، چىلان زاكاز مېلى جېجياڭ تاۋار بىرژىسىدا بازارغا سېلىندى، مەكىت ناھىيەسى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، پۈتۈن ناھىيەدە چىلان تاپشۇرۇش ئامبىرىدىن ئىككىنى قۇردى، «سۇغۇرتا + زاكاز مال» ئەندىزىسى ئارقىلىق سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، چىلانچى دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن ناھىيە 140 باغ ـ ئورمان تېخنىكا مۇلازىمەت ئەترىتىنى تەشكىللەپ قۇرۇپ، ئىز قوغلاپ باشقۇرۇپ، پۈتۈن مۇساپىلىك مۇلازىمەت قىلىپ، چىلان ئۆستۈرۈش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

سېتىۋېلىش كارخانىلىرىدىكى ئۆزگىرىشتىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «سۇغۇرتا + زاكاز مال» ئەندىزىسىنىڭ كىرگۈزۈلۈشى بىر تەرەپتىن، كارخانىنىڭ سېتىۋېلىش مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، چىلان سېتىشنى ئىلگىرى سۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، بازار باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، چىلان باھاسىنىڭ چۈشۈپ كېتىش خەۋپ ـ خەتىرىدىن ئۈنۈملۈك ساقلىنىپ، دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلدى. مۆلچەرلىنىشچە، بۇ يىل مەكىت ناھىيەسىنىڭ چىلان ئومۇمىي ھوسۇلى 250 مىڭ توننا بولۇپ، دېھقانلارنىڭ چىلاندىن قىلىدىغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 6000 يۈەن بولىدىكەن.

مەكىت ناھىيەسى يەنە ئۆزىنىڭ پايدىلىق شارائىتىغا تايىنىپ، گۆش كالىسى كەسپىنى پائال ئورۇنلاشتۇردى. قۇملۇقنىڭ چېتىدىكى بۇ كىچىك ناھىيەنىڭ كەلگۈسىدە پۈتۈن ئاپتونوم رايون، ھەتتا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ئانگۇس كالىسى ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ئايلىنىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس.

مەكىت ناھىيەلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋۇ جيەنچياڭ مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: مەكىت ناھىيەسى جۇڭگو ئاكسىيە نازارەتچىلىك كومىتېتىنىڭ ياردەم بېرىش ـ يۆلەش ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خېڭدا گۇرۇھىنىڭ 500 مىليون يۈەن ئىئانە ياردەم مەبلىغىنى كىرگۈزۈپ، «باشلامچى كارخانا + باقمىچىلىق بازىسى + كەنت كومىتېتى + نامرات ئائىلە» تىجارەت ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، زامانىۋى گۆش كالىسى باقمىچىلىقى كەسىپ زەنجىرىنى بەرپا قىلدى. باقمىچىلىق مەيدانى ھەم يۇرۇشلۇق ئەسلىھەلەر قۇرۇلغاندىن كېيىن، پۈتۈن ناھىيەدىكى 140 كەنت كومىتېتىغا ھوقۇق تەۋەلىكى بېكىتىپ بېرىلىپ، كەنت كومىتېتلىرى پايچېك بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھەر يىلى 20 مىليون يۈەندىن كەم بولمىغان پايدىغا ئېرىشىپ، كەنت قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتىغا ئىشلىتىدۇ.

«بۇ يىل مەن ئائىلىمىزنىڭ 15 مو يېرىنى كارخانىنىڭ بىرتۇتاش يەم ـ خەشەك، ئوت ـ چۆپ تېرىشىغا ئۆتۈرۈپ بېرىپ، يەر ئۆتۈنى ئىجارىسىدىن ئىبارەت بىر تۈردىنلا 7500 يۈەن كىرىم قىلدىم.» مەكىت ناھىيەسى غازكۆل يېزىسى تالامەھەللە كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئەخمەت مۇمىننىڭ ئېيتىشىچە، ئائىلىسىنىڭ يېرى ئۆتۈنى قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ يەم ـ خەشەك، ئوت ـ چۆپ تېرىش، پەرۋىش قىلىش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، يىللىق ئىش ھەققى كىرىمى 13 مىڭ يۈەن بولغان، پۈتۈن ئائىلىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى سۈپەتلىك ئۆسكەن.

ئەخمەت بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئۆزگىرىش گۆش كالىسى كەسپىنىڭ تەرەققىيات پايدىسىدىن كەلگەن. نۆۋەتتە، مەكىت ناھىيەسىدىكى يەرلىك باشلامچى كارخانىنىڭ باشلامچىلىقىدا ئانگۇس كۆپىيەلەيدىغان ئىنەكتىن 7000 تۇياق كىرگۈزۈلگەن، كېلەر يىلى 15 مىڭ تۇياققا يەتكۈزۈش پىلانلانغان. دېھقانلارنىڭ 40 مىڭ مودىن ئارتۇق يېرى ئۆتۈنى قىلىنىپ يەم ـ خەشەك تېرىقچىلىق بازىسى قۇرۇلغان، ئەخمەتكە ئوخشاش بارغانسېرى كۆپ ئادەم دېھقان گۆش كالىسى كەسپىگە قاتناشقان.

«بۇنىڭدىن كېيىن، ئانگۇس كالىسى پۈتۈن كەسىپ زەنجىرى يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش ئورنىدىن 3500 نى كۆپەيتىدۇ.» ۋۇ جيەنچياڭ مۇنداق دېدى: كۆلەملەشكەن باقمىچىلىق مەيدانى ۋە يادرولۇق نەسىل يېتىشتۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پۈتۈن ناھىيە يەنە كەسىپ باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپىنى يانداش راۋاجلاندۇرۇپ، يۇقۇملۇق كېسەللىك ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش، يەم ـ خەشەك، ئوت ـ چۆپ ماتېرىيالى ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش، چارۋا مەھسۇلاتلىرى سودىسى، پىششىقلاش قاتارلىق كەسىپ سىستېمىسىنى قۇرىدۇ، ئۈچ يىلدىن كېيىن پۈتۈن ناھىيەدە ئانگۇس كالىسىنىڭ بېقىلىش مىقدارىنىڭ 30 مىڭ تۇياققا يېتىشىدىن ئۈمىد بار، يەم ـ خەشەك، ئوت ـ چۆپ بازىسىنىڭ كۆلىمى 150 مىڭ موغا يەتكۈزۈلۈپ، يەم ـ خەشەك، ئوت ـ چۆپ يېرىدىن قىلىنىدىغان يىللىق مو بېشى ساپ كىرىم 1000 يۈەندىن ئاشۇرۇلۇپ، ئاممىنىڭ كىرىمنى كۆپەيتىپ بېيىش يوللىرى تېخىمۇ كۆپىيىدۇ.

## ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى تۇتۇش خەلق تۇرمۇشى ئاساسىنى كۈچەيتىش

«ۋاڭ مۇدىر، مېنىڭ يەنە ئىچكىرى رايونلارغا بېرىپ ئىشلىگۈم بار.» ئىچكىرى رايونلاردىكى ئادەم ئىشلەتكۈچى كارخانىلارنىڭ مەكىت ناھىيەسىگە ئادەم ئىشلىتىش ئىشىنى ئۈدۈللاشتۇرغىلى كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان مەكىت ناھىيەسى بازار جەمى بازىرى ئوكا كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى شىرئەلى ئىمىن ئەتىگەندىلا ناھىيەلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسى كەسپىي تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ شىنخۇڭنى ئىزدەپ تېپىپ، سىرتقا چىقىپ ئىشلەش پۇرسىتىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلدى.

24 ياشلىق شىرئەلى ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ناھىيەنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئىچكىرى رايونلارغا بېرىپ ئىشلىدى، ئارىلىقتا ھازىرقى خوتۇنى بىلەن تونۇشتى، ياش ئەر ـ خوتۇنلار مەكتەپكە قايتىپ توي قىلغاندىن كېيىن بالىلىق بولدى. بۇ گۈنكى كۈندە شىرئەلى داۋاملىق سىرتقا چىقىپ ئىشلەپ، خوتۇنى ۋە بالىلىرىنى تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈشنى ئويلىدى.

يېقىنقى بىر مەزگىلدە، جۇڭچىڭ، يەنتەي قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن بىر نەچچە كارخانىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى مەكتەپكە ئىشچى قوبۇل قىلىشقا كەلدى، بۇ، ۋاڭ شىنخۇڭنىڭ خىزمىتىنى ناھايىتى ئالدىراش قىلىۋەتتى. ئۇ ھەر كۈنى شىرئەلىگە ئوخشاش نۇرغۇن ياش بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ياخشى كەلگۈسى ئۈچۈن ئىزدەندى.

ۋاڭ شىنخۇڭ مۇنداق دېدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەكىت ناھىيەسى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى باشتىن ـ ئاخىر نامرات ئاممىنىڭ كىرىمىنى سىجىل، مۇقىم ئاشۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىچى ـ سىرتىدا يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ناھىيە ئىچىدىكى باغچە رايونى ۋە يېزا ـ كەنتلەردىكى نامراتلارنى يۆلەش سېخلىرىدا ئىشلەش، پەسىل خاراكتېرلىك ئىشلەش، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق نامرات ئاممىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش يوللىرىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى.

نۆۋەتتە، مەكىت ناھىيەسى «پارتكوم بىرتۇتاش پىلانلاش، ھۆكۈمەت ئاساسلىق تۇتۇش، بۆلۈملەر بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىش، جەمئىيەت قاتنىشىش، كارخانىنى ئاساس قىلىش»تىن ئىبارەت ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەتى خىزمەت مېخانىزمى ئورنىتىپ، تۆت مەخسۇس تۈر گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئۇزاق مۇددەت سىرتتا تۇرۇپ ئىش ئورنىنى ئۈدۈللاشتۇرۇشقا ئەۋەتىپ، نامرات ئاممىنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشلىشىگە كاپالەتلىك قىلدى.

«بىز مەكىت ناھىيەسىدىن سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلغان خادىملارنى ناھايىتى ياقتۇرىمىز، شۇڭا مۇنەۋۋەر خادىملارنى كارخانىمىزغا بېرىپ خىزمەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن ئالاھىدە ناھىيەگە كەلدۇق.» جۇڭچىڭ چىنچۈەن ئوقەتچىلىك(گۇرۇھ) پاي چەكلىك شىركىتى ئادەم كۈچى بايلىقى بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى كاڭ چېڭبىن مۇنداق دېدى: مەكىت ناھىيەسى كارخانىمىزغا مەخسۇس خىزمەتچى خادىم ئەۋەتىپ، يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان خادىملارنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇشقا كۆنۈشىگە ياردەم بېرىپ، ئادەم ئىشلەتكۈچى كارخانىلارنى غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس قىلدى.

«خادىملارنىڭ كارخانىنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش تۇيغۇسى ئىنتايىن كۈچلۈك، ئۇلار باشقۇرۇشقا بويسۇنىدۇ، خىزمەتنى مۇقىم ئىشلەيدۇ، ئۈنۈمىمۇ يامان ئەمەس.» كاڭ چېڭبىن خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: بۇ ئارتۇقچىلىقلار بولغاچقا، كارخانىمىز خاتىرجەم ھالدا ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش پىلانى تۈزۈپلا قالماستىن، كارخانىمىز يەنە قايتا تەكلىپ قىلىش، تەربىيەلەش سىيلىنمىسىدىن خالاس بولدى. بۇ يىل، كارخانىمىز مەكىت ناھىيەسىدىن ئىشقا ئورۇنلاشقان خادىملارنىڭ سانىنى 200گە يەتكۈزۈشنى پىلانلاۋاتىدۇ، بارلىق خادىملار «ئوخشاش ئىشقا ئوخشاش ھەق بېرىش» تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئوتتۇرىچە ئايلىق مائاشى 4500 يۈەنگە يېتىدۇ، بەزى كونا خادىملار پەيدىنپەي باشقۇرغۇچىلىق ئىش ئورنىغا چىقىدۇ.

«بالا باققۇچى شەكلى»دىكى سەممىي مۇلازىمەت ئارقىلىق نامرات ئاما يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئېتىراپ قىلدى، ئۇلارنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشلەش ئىشەنچى تېخىمۇ كۈچەيدى، تېخنىكا ئۆگىنىش، ماھارەت ئۆگىنىش ئاكتىپلىقى ئىلگىرىكىدىن تېخىمۇ يۇقىرى بولدى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، بۇ يىل مەكىت ناھىيەسىدىن سىرتقا چىقىپ ئىشلىگەن خادىملارنىڭ ئوتتۇرىچە ئايلىق كىرىمى 3000 يۈەندىن ئاشقان، پۈتۈن يىلدا شىنجاڭنىڭ سىرتىغا يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار 2008 ئادەمگە، شىنجاڭنىڭ ئىچىدە يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار 2100 ئادەمگە، ناھىيە ئىچىدە ئۆز يېرىدە، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار 7599 ئادەمگە، مۇلازىمەت كەسپىدە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار 24 مىڭ 951 ئادەمگە يەتكەن. پۈتۈن ناھىيە بويىچە ئەمگەك ئىقتىدارى بار ھەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولىدىغان 9537 نامرات ئائىلىدىكى 14 مىڭ 327 ئادەم مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، بىر نامرات ئائىلىدىن بىرقانچە كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلغان.

## مۇھىتنى ئەلالاشتۇرۇش بېيىش مەنبەسىنى مۇقىملاشتۇرۇش

ئۈچ تەرىپىنى قۇملۇق ئوراپ تۇرىدىغان مەكىت ناھىيەسى مۇھىتنى ئۈنۈملۈك تۈزىمىسە ئىقتىساد، جەمئىيەتنى ئۇزاق مۇددەت مۇقىم تەرەققىي قىلدۇرىدىغان مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە بولالمايدۇ.

10 ـ ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، مۇخبىرلار مەكىت ناھىيەسى قۇمقۇسار يېزىسىدىكى مەكىت ناھىيەسىنىڭ بوراندىن مۇداپىئەلىنىش قۇم تۇراقلاشتۇرۇش ئورمان رايونىغا كىرىپ، سۇنئىي تەكلىگەن دەرەخلەرنىڭ بۆك ـ باراقسان ئۆسۈپ ئورمانغا ئايلانغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ تەكلىماكان قۇملۇقىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى پەقەتلا سەزمەي قالدى. بۇ، مەكىت ناھىيەسىنىڭ مىليون مولۇق بوراندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇم تۇراقلاشتۇرۇش ئېكولوگىيە ئورمىنى قۇرۇلۇشىنىڭ بىر قىسمى، كۆپ يىللاردىن بۇيان، پۈتۈن ناھىيەدىكى كادىرلار، ئامما بىر نىيەتتە كۈچەپ، سۇ كەمچىل بولۇش، توك كەمچىل بولۇشتەك تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، بۇ يېشىل قۇرۇلۇشنى ئىرادىسىدىن قايتماي ئالغا سىلجىتتى، نۆۋەتتە 340 مىڭ مو كۆلەم شەكىللەندۈرۈلدى.

مەنزىرە كۆرۈش سۇپىسىغا چىققاندا، كۆرۈش دائىرىسى ئېگىزلىكنىڭ ئېشىشى بىلەن كېڭىيىپ كەتمىدى، يېقىن ئەتراپتا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تېرەكلەر يىراققا نەزەر سېلىش نەزەرىنى توسۇۋالدى، شۇنداقلا رەھىمسىز قۇم دېڭىزىنىمۇ توسۇپ، يېقىنلا يەردىكى مەكىت ناھىيەسىگە «يېشىل كۆنلۈك» تۇتۇپ بەردى.

«ئىلگىرى بۇ يەرنى قۇم ـ بوران قاپلاپ كېتەتتى، ھازىر ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدىغان بولدى.» قۇمقۇسار يېزىسى يۇقىرى تاۋا كېسەكنىڭ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ياسىن ئاتاۋۇللا ئەسلەپ مۇنداق دېدى: ئېكولوگىيە ئورمىنى بولغاچقا، تۇرمۇش مۇھىتىمىز ياخشىلىنىپلا قالماي، يەنە بىز بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ كىرىمىمۇ ئاشتى، ھازىر مەن خوتۇنۇم بىلەن ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ ئورمان مۇھاپىزەتچىسى بولدۇم، ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىز ئايدا 3700 يۈەن كىرىم قىلىمىز.

ئېكولوگىيە ئورمىنىنىڭ ئۇزۇۋالاندۇرۇشى بولغاچقا، ئىلگىرى گىياھ ئۈنمەيدىغان قۇملۇقلار نامرات ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ياردەم بېرىدىغان ئېتىزلىققا ئايلاندى. رەتلىك ئورمان بەلبېغى ئارىسىدا سۆكسۆك ۋە توشقانزەدىكى قۇملۇقتا قەيسەرلىك بىلەن ئۆسۈپ، بېيىش ئۈمىدىنى بارلىققا كەلتۈردى.

بۇ ئىككى يىلدا مەكىت ناھىيەسى ئېكولوگىيە ئورمىنى قۇرۇلۇشىغا تايىنىپ، توشقانزەدىكى تېرىشنى ئاساس قىلغان ئورمان ئىقتىسادىنى نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇردى، نۆۋەتتە 35 مىڭ مو كۆلەم شەكىللەندۈرۈلۈپ، 750 نامرات ئائىلە ئېكولوگىيە ئورمىنى باشقۇرۇش، قوغداشقا قاتناشتۇرۇلۇپ، مۇھىتنى ياخشىلاش ئېلىپ كەلگەن پايدىدىن بەھرىمەن قىلىندى.

«نۆۋەتتە ئورماننىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى كۆرۈلۈشكە باشلىدى، توشقانزەدىكىدىن قىلىنغان كىرىم ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ كۈندىلىك سۇ، توك قاتارلىق چىقىملىرىنى كۆتۈرۈپلا قالماي، يەنە پۈتۈن ناھىيەنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشىغا تۆھپە قوشتى.» مەكىت ناھىيەلىك قۇم تىزگىنلەش ئىشخانىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئەمەت مەمەت مۇنداق دېدى: بۇ يىل ئېكولوگىيە ئورمىنى ئىقتىسادى پۈتۈن ناھىيەدىكى نامرات ئائىلىلەرنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1000 يۈەندىن كۆپرەك نەپكە ئېرىشتۈرۈپ، ئېكولوگىيە ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمدىن قوش مول ھوسۇل ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

چوڭ مۇھىت ياخشىلىنىۋاتىدۇ، كىچىك مۇھىتمۇ ئۆزگىرىۋاتىدۇ. بۇ يىل مەكىت ناھىيەسى ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەشنى بىرلەشتۈرۈپ، «ئۈچ رايوننى ئايرىش» تەلىپى بويىچە 40 مىڭدىن ئارتۇق ئائىلىنىڭ ھويلىسىنى ئۆزگەرتتى.

مەكىت ناھىيەسىنىڭ قىزىلئاۋات يېزىسى باغھويلا كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئابدۇۋەلى داۋۇتنىڭ ئائىلىسىگە كىرگەندە، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ھويلىنى پاكىز، رەتلىك سەرەمجانلاشتۇرغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ، تېرىقچىلىق رايونىغا بەسەي، قىچا قاتارلىق كۆكتاتلار تېرىلغان بولۇپ، بىر ئائىلە كىشىلىرى ھازىر ئاساسەن بازارغا بېرىپ كۆكتات سېتىۋالمايدىغان بوپتۇ.

«ھويلىدىكى ئالتە پۈك يەرگە ھەر يىلى كۆكتات تېرىپ ئائىلەمنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغاندىن باشقا، ئېشىپ قالغانلىرىنى يەنە 1500 يۈەنگە ساتتىم» دېدى ئابدۇۋەلى.

بۇ يىل، مەكىت ناھىيەسىنىڭ يېزىلىرىدىكى ھەممە ئائىلە ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇردى. ھويلا ـ ئاراندىكى مېۋە ـ چېۋە، كۆكتاتلارنى سېتىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش ئەمەلىي ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، مەكىت ناھىيەسى «مېۋە ـ چېۋە، كۆكتات سېتىۋېلىش ـ سېتىش مەركىزى + ھەمكارلىق كوپېراتىپى + ۋاستىچى + دېھقان ئائىلىسى»دىن ئىبارەت ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ـ سېتىش ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، ناھىيە دەرىجىلىك مېۋە ـ چېۋە، كۆكتات سېتىۋېلىش ـ سېتىش مەركىزىدىن بىرنى، كۆكتات سېتىۋېلىش ھەمكارلىق كوپېراتىپىدىن 12نى، سېتىۋېلىش نۇقتىسىدىن 89نى قۇردى، يېزا ۋاستىچىسىدىن 89نى يېتىشتۈردى، كەنت ئاھالىلىرى ئۆز ھويلىسىدىلا كۆكتات ساتالايدىغان بولدى.

بۈگۈنكى كۈندىكى مەكىت ناھىيەسىنىڭ قىياپىتى يېڭىلاندى، ئىشىنىمىزكى، نامراتلىق قالپىقىنى تاشلىغاندىن كېيىنكى مەكىت ناھىيەسى چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش كەسىپ تەرەققىياتىدىن ئايرىلالمايدۇ. مەكىت ناھىيەسى كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ۋەزىيەتنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەپ، يىراق كەلگۈسىنى كۆزلەپ، ئۇلۇغۋار پىلانلارنى كۆپلەپ يولغا قويدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خاس باغۋەنچىلىك، ئانگۇس گۆش كالىسى، ئورمانغا كىرىشتۈرۈپ تېرىش، ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكى قاتارلىقلار ئۇچقاندەك تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىندى.

مەكىت ناھىيەسىدىكى يېزا ـ كەنتلەرنىڭ قىياپىتى ئۆزگەرمەكتە، دېھقانلارنىڭ روھىي ھالىتى ئۆزگەرمەكتە. تېخىمۇ كۆپ دېھقان «ساقلاپ تۇرۇش، تايىنىۋېلىش، تەلەپ قىلىش» ئىدىيەسىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىنىڭ بىر جۈپ قولىغا تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بەختكە ئاتلاندى.

# بۇ يىل تارىم دەرياسىنىڭ پۈتۈن ئېقىن رايونىغا جەمئىي 2 مىليارد 500 مىليون كۇب مېتىرغا يېقىن سۇ قويۇپ بېرىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تارىم دەرياسى ئېقىن رايونىغا جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ كۆلەمدىكى توغراقلىق تارقالغان بولۇپ، تەبىئىي ئورمان، ئوت ـ چۆپلەر بىلەن بىر تەبىئىي توسۇق ھاسىل قىلىنغان، بۇ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ قۇم ـ بوران ھۇجۇمىنى توسۇش، بوستانلىق يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى ساقلاش، ئىنسانلارنىڭ ياشاش مۇھىتىنى قوغداشتا مۇھىم رول ئوينىدى. تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى «يېشىل كارىدور»نى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، 2000 ـ يىلدىن بۇيان، تارىم دەرياسى ۋادىسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا ئېكولوگىيەلىك سۇ قويۇپ بېرىش خىزمىتىنى تەشكىللەپ يولغا قويۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىدى.

تارىم دەرياسىنى تۈزەش نەتىجىلىرىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەپ، سۇ ساقلاش كۆلىمىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، 2016 ـ يىلدىن باشلاپ، ئېكولوگىيەلىك سۇ قويۇپ بېرىش تەدرىجىي ھالدا تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىن پۈتۈن ئېقىن رايونىغىچە كېڭەيتىلدى، پۈتۈن ئېقىن رايونىدا نۇقتىلىق توغراقلىق مۇھاپىزەت رايونىغا ئېكولوگىيەلىك سۇ تولۇقلاش خىزمىتى تەشكىللەپ يولغا قويۇلدى. 2019 ـ يىلغا كەلگەندە، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا 20 ـ قېتىم ئېكولوگىيەلىك سۇ قويۇپ بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۇدا 4 ـ يىلى توغراقلىق رايونىغا ئېكولوگىيەلىك سۇ تولۇقلاش يولغا قويۇلدى.

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە ۋە جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ كۆزىتىش سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2019 ـ يىلى تارىم دەرياسى ئېقىن رايونىغا ئېكولوگىيەلىك سۇ قويۇپ بېرىشتە نەپكە ئېرىشكەن توغراقلىق كۆلىمى تەخمىنەن 7 مىليون 120 مىڭ مو بولۇپ، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلىنىش دەرىجىسى ئاشقان. تارىم دەرياسىنىڭ مەنبە ئېقىنى ۋە غول ئېقىنىنىڭ يۇقىرى، ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى ھەرقايسى توغراقلىق مۇھاپىزەت رايونىدىكى تەبىئىي يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈش پەسلىنىڭ ھەرقايسى مەزگىلدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈك كۆرسەتكۈچى كۆرۈنەرلىك ئۆرلەپ، تەبىئىي يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشى ياخشىلىنىپ، تەبىئىي يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ چېكىنىشكە قاراپ يۈزلىنىشى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەنگەن. يەر ئاستى سۇ ئورنىنىڭ ئۆرلىشى، يەر ئاستى سۈيى سۈپىتىنىڭ كونسېرى ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، سۇ مۇھىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغان.

ئېكولوگىيەلىك سۇ قويۇپ بېرىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، تارىم دەرياسى ئېقىن رايونىغا جەمئىي 8 مىليارد 100 مىليون كۇب مېتىردىن ئارتۇق ئېكولوگىيەلىك سۇ قويۇپ بېرىلگەن، توغراقلىق رايونىغا جەمئىي 5 مىليارد كۇب مېتىردىن ئارتۇق ئېكولوگىيەلىك سۇ قويۇپ بېرىلگەن.

# ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 13 ـ قېتىملىق يىغىنى يېپىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مۇھىت ۋە بايلىق ئاسراش كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 ـ يىغىنى ھەيئەت رىياسەتنىڭ قاراپ چىقىشىغا تاپشۇرغان ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلەرگە قاراپ چىقىش نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللاندى، كادىرلارنى تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش ئىشلىرى ئاۋازغا قويۇپ ماقۇللاندى.

يىغىندا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت خىزمەتچى خادىملىرىغا تەيىنامە تارقىتىلدى ھەم ئاساسىي قانۇن ئالدىدا قەسەم بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي تۈردە پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە قىلچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. تۈزۈم ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، باشلامچىلىق بىلەن تۈزۈمنىڭ نوپۇزىنى قوغداپ، تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن جۇ خەيلۇن، لى شۆجۇن، ۋاڭ يۇڭمىڭ، مۇتەللىپ قاسىم، دۇڭ شىنگۇاڭ، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل، سو يۆ يىغىنغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ چىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى باھارگۈل سەمەت، ئاپتونوم رايونلۇق رېۋىزىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل كىشىلەر، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى، ھەرقايسى مەخسۇس كومىتېتلار، دائىمىي كومىتېت خىزمەت تارماقلىرىدىكى مەسئۇل كىشىلەر، ھەرقايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىدىكى مەسئۇل كىشىلەر، قىسمەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋەكىللىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى ھەمدە ئالاقىدار تارماقلاردىكى مەسئۇل كىشىلەر قاتارلىقلار يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.